# نامازنى ئۇنتۇپ قالغان كىشى ئېسىگە كەلگەن هامان ئوقۇشى كېرەك، نامازنىڭ ئۇنىڭدىن باشقا كاپارىتى يوق

ئەنەس بىن مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنهۇدىن بايان قىلىنغان ھەدىستە، پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام مۇنداق دېگەن: «نامازنى ئۇنتۇپ قالغان كىشى ئېسىگە كەلگەن هامان ئوقۇشى كېرەك، نامازنىڭ ئۇنىڭدىن باشقا كاپارىتى يوق، ﴿وَأَقِمِ الصَّلَاةَ لِذِكْرِي﴾ تەرجىمىسى: «مېنى زىكىر قىلىش ئۈچۈن ناماز ئوقۇغىن» [سۈرە تاھا 14-ئايەت].
[تېكىست توغرا] [بىرلىككە كەلگەن]

بۇ ھەدىستە پەيغەمبەرئەلەيهىسسالام: پەرز نامازنى ئادا قىلىشنى ئۇنتۇپ ۋاقتىنى ئۆتكۈزىۋەتكەن كىشىنىڭ، ئېسىگە كەلگەن هامان دەرھال ئۇ نامازنىڭ قازاسىنى قىلىشقا ئالدىراش كېرەكلىكىنى بايان قىلىدۇ. چۈنكى نامازنى ئۆز ۋاقتىدا ئادا قىلالمىغانلىقنىڭ خاتالىقىنى يوشۇرۇش ۋە ئۆچۈرۈشنىڭ بىردىن بىر يولى ئېسىگە ئالغان هامان دەرھال ئادا قىلىشتۇر. بۇ توغرىدا ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَأَقِمِ الصَّلَاةَ لِذِكْرِي﴾ تەرجىمىسى: «ئۇنتۇلۇپ قالغان نامازنى ئېسىڭگە ئالغان هامان ئوقۇغىن» [سۈرە تاھا 14-ئايەت].

https://sunnah.global/hadeeth/ug/show/65088